# جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ يېڭى سەھىپە پۈتۈش  خەلق ئۈچۈن ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ نەتىجىنى نامايان قىلىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يۆلەش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشۇشتىكى ئىجابىي رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇردى. «ئاپتونوم رايوننىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش نىزامى»نى تۈزۈپ، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، قاتناش كۈچلۈك رايونى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

خەلق تۇرمۇشى ۋە جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى چۆرىدەپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تەشۋىقات ـ تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، ئەيدىز ئاغرىقلىرىغا غەمخورلۇق قىلىش ۋە ئۇلارنى قۇتقۇزۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ساغلام شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتتى؛ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گېئوئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش نىزامى»نى تۈزۈپ، گېئوئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمى قاتارلىقلارنى كۈچەيتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ گېئوئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى قانۇنچىللىق كاپالىتىگە ئىگە قىلدى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىدا ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك نىزاملىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە چېتىلىدىغان مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تەڭشەش مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارى»نى چىقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىنى ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىتىشنى قانۇنچىللىق كاپالىتىگە ئىگە قىلدى؛ «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت مۈلكى نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى»نى چىقىرىپ، خەلقنىڭ ئورتاق بايلىقىنى ياخشى باشقۇرۇپ ۋە ياخشى ئىشلىتىپ، دۆلەت مۈلكىنىڭ ئۈنۈمىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، خەلققە بەخت ياراتتى؛ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىشچان شىنجاڭ قۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى قارارى»نى چىقىرىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىشچان شىنجاڭ قۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتتى.

دائىمىي كومىتېت نىزام چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى نىزام چىقىرىش خىزمىتىنىڭ ئاچقۇچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشنى نىزام چىقىرىش مەنبەسىدىن باشلاپ، «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىش نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، يەرلىك نىزام چىقىرىش كەسپىي يىغىنى، خىزمەت سۆھبەت يىغىنى ۋە تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىش ئارقىلىق، ئالاقىدار يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتتى. نىزام چىقىرىش خىزمىتى قائىدىسىنى مەخسۇس تۈزۈپ، خىزمەت تەرتىپىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈش ئۆتكىلىنى ئالدىغا سۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، نىزاملارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقا يوللاشنى چىڭىتىپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇردى، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى، تېخىمۇ سۈپەتلىك قىلدى.

دائىمىي كومىتېت «چىقىرىش، تۈزىتىش كىرگۈزۈش، بىكار قىلىش، ئىزاھلاش»نى تەڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىزامى» قاتارلىق بەش يەرلىك نىزامنى بىكار قىلدى. ئەنگە ئېلىش، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن بىر يىلدا جەمئىي 41 قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتنى تەكشۈردى.

**دىققەت دەل جايىدا مەركەزلەشتۈرۈلدى  خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى تېخىمۇ كۈچلۈك بولدى**

بىر يىلدىن بۇيان، دائىمىي كومىتېت يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1 + 3 + 3 + ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ كۆزلەپ، نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، نازارەتچىلىك مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، توققۇز قانۇن، قانۇن ـ نىزامنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، 18 مەخسۇس خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتۈپ ۋە قاراپ چىقىپ، 26 تۈرلۈك مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى تېخىمۇ سالماقلىق، تېخىمۇ ئەمەلىي ئۈنۈمگە، تېخىمۇ نوپۇزغا ئىگە قىلدى.

ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ئالغا سىلجىتىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشنى سىجىل قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، 2018 ـ يىللىق مۇھىت ئەھۋالى ۋە مۇھىت ئاسراش نىشانىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى قاتارلىقلارنى ئاڭلاپ ئۆتتى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلاردىكى نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش نىزامى» بويىچە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە مەخسۇس تېمىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، «قانۇن بويىچە قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تىزگىنلەش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش» ئاساسىي تېما قىلىنغان 2019 ـ يىللىق تىيانشان مۇھىت ئاسراش سەپىرى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتى قاتارلىقلارنى قانات يايدۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى كۈچلۈك ئالغا سىلجىتتى.

خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى نازارەتچىلىك خىزمىتى تېخىمۇ كۈچلۈك بولدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش نىزامى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتى كاپالىتى قانۇنى» بويىچە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى ئايرىم ـ ئايرىم قانات يايدۇرۇپ، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنىڭ «قانۇن كۆزىتىش» رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ئاپتونوم رايوننىڭ يەسلى مائارىپى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ئاپتونوم رايوننىڭ داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى، قاراپ چىقتى؛ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكى قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» بويىچە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى ئۈدا ئىككى يىل قانات يايدۇردى ھەم مەخسۇس تېمىدا سۈرۈشتۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، «نازارەت قىلىش قولى» بىلەن خەلق تۇرمۇشىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى قوغدىدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پىلان ۋە خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات، ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتى ۋە ئىقتىسادىي تەپتىشتە تەكشۈرۈپ چىقىلغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە قاراپ چىقتى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2018 ـ يىللىق نەق چوتى ۋە 2019 ـ يىللىق خامچوتىنى تەڭشەش لايىھەسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش، خامچوتنى تەكشۈرۈش ـ نازارەت قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى چىقىم خامچوتى ۋە سىياسەتنى كېڭەيتىشكە قارىتىش خىزمەت پىلانى ۋە لايىھەسىنى تۈزۈپ، خامچوتنى تورلاشتۇرۇپ نازارەت قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، ھۆكۈمەتنىڭ خەلقنىڭ «ھەميان»نى ياخشى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە قوللاپ، مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى بېجىردى.

دائىمىي كومىتېت جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقنى قوغداپ، خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا ۋە نىشان قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ جىنايى ئىشلار سوت خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەت دەۋاسىنى تەپتىش قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتۈپ، قانۇن يۈرگۈزۈش ئورگانلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىشى، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىشى، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈشىنى ئىلگىرى سۈردى.

**سۇپا قۇرۇلدى  ۋەكىللەرنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئەمەلىي ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى**

بىر يىلدىن بۇيان، دائىمىي كومىتېت خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئالاقىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشتىكى «ئاساسىي جەڭ مەيدانى»غا تېخىمۇ ياخشى ئاتلىنىشىنى قوللاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى ۋاكالەتەن سۆزلىگۈچىسى بولدى.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئالاقىلىشىش خىزمەت مېخانىزمى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشكە يېتەكلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى باشتىن ـ ئاخىر خەلق ئاممىسى ئارىسىدا يىلتىز تارتقۇزدى.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە مەخسۇس تېمىدا تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، ۋەكىللەر ئائىلىسى قۇرۇلۇشى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، «خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئائىلىسى» پائالىيىتىنىڭ شەكلىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، توردا ۋەكىللەرنىڭ ۋەزىپە ئادا قىلىش سۇپىسى قۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى بازىغا، ۋەكىللەرنىڭ ۋەزىپە ئادا قىلىشىنى سۇپىغا، ئاممىنىڭ مۇراجىئەت قىلىشىنى يولغا ئىگە قىلدى.

دائىمىي كومىتېت ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ لايىھەسى، تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل بېجىرىشكە تاپشۇردى، ئىز قوغلاپ ھەيدەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتتى ھەم بېجىرىش ئەھۋالى توغرىسىدا ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللىدى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنى مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان 15 تەكلىپ لايىھەسى ۋە 430 تەكلىپنىڭ ھەممىسى بېجىرىلىپ بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يىغىن يېپىق مەزگىلدىكى ئون تەكلىپنى بېجىرىپ ئاخىرلاشتۇرۇپ، بېجىرىپ ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنىڭ بېجىرىلىشىدىن رازى بولۇش نىسبىتىنى ئۆستۈردى.

دائىمىي كومىتېت ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىپ، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتى ۋە مائارىپقا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئورگاندىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشتىكى جۇشقۇنلۇق ۋە ھاياتىي كۈچكە، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەش، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشتىكى ئاڭلىق ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، روھنى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇپ، ئىستىل، قىياپەتنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزدى.

يېڭى دەۋردە يېڭى كەيپىيات نامايان قىلىندى، يېڭى مۇساپىدە يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىشقا چاقىرىق قىلىندى. 2020 ـ يىلى باشلاندى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىشلەش، ئەمەلىي نەتىجە، ئەمەلىي ئۈنۈم ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى دەۋردە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدۇ.

# ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر رايونى جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى

مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر رايونى جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر رايونى جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش خىزمىتى تەتقىق قىلىندى، شەھەر رايونى جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى باشلاش، تىرىشىپ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە تىنچ ـ ئامان شىنجاڭ قۇرۇش ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەققىي تۈردە شەھەر رايونى جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش كېرەك. مەملىكەتلىك شەھەر رايونى جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شەھەر رايونى جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قانات يايدۇرۇشنى تۇتقا قىلىپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە، دەۋر خاسلىقىغا، شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە شەھەر رايونى جەمئىيەت ئىدارە قىلىش يېڭى ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تىنچ ـ ئامان شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: جەمئىيەت ئامانلىقى بويىچە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەر رايونى جەمئىيەت زىددىيەت، خەۋپ ـ خەتەرنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ ۋە پەسەيتىپ، شەھەر رايونى جەمئىيەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدا يېڭىلىق يارىتىپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەر رايونى قانۇن ئىدارە قىلىش كاپالىتى، ئەخلاق ئىدارە قىلىش ئارقىلىق تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىش، ئۆزى ئىدارە قىلىش ئارقىلىق ئاساسنى كۈچەيتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، شەھەر رايونى جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەپ، شەھەر رايونى جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىشنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن كادىرلار ئىسىملىكى

**(2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ماقۇللاندى)**

يولداش سېرجان سېرىكباي ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش گۈلنار روزى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش شى دېشېڭ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش گۈلزار ئابدۇراخمان ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛

يولداش ما جىجۈن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تولۇقلىنىدىغان ئەزالار ئىسىملىكى

**(2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ماقۇللاندى)**

شۈ گۈيشياڭ  لى يۈجىن  ئەزىز مەتنىياز  ئەنۋەر تۇرسۇن  ياڭ يۇڭ ۋاڭ فەنپىڭ

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرى ھەممىدە كەڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ يۈرەك قېنى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىنى مۇجەسسەملەپ، كەڭ كادىرلار، ئامما، ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن جان تىكىپ ئىشلىگەنلىكىدىن بولدى.

ئۆتكەن بىر يىلدا، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ يېتەكلىشى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش يېڭى نەتىجىلەرنى نامايان قىلدى، يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى چۆرىدەپ، خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش، چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشكە كۈچەشتە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى چۆرىدەپ، خەلق تۇرمۇشى ۋە ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى كۆزلەپ، ئېتىز ـ ئېرىق بېشى، زاۋۇت، كان رايونى، مەكتەپ، مەھەللىلەردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ئىلمىي تەدبىر بەلگىلىشىگە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن كۆز قاراشقا ئىگە، سالمىقى بار، قىممىتى بار نۇرغۇن پىكىر ـ تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەڭ دائىرىدە كېڭىشىش ئارقىلىق پارتىيەنىڭ تەشەببۇسىنى جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇھىم تۆھپە قوشتى.

«كۆپنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملىگەندىلا، ھەممە ئىشتا غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ؛ كۆپنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى مۇجەسسەملىگەندىلا، ھەممە ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ.» بۇ يىل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىدىغان يىل، شۇنداقلا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جېڭىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل. ھەل قىلغۇچ جەڭدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا، جەزمەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇش كېرەك، خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىر، زور، بۇرچى شەرەپلىك، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە خەلق سىياسىي كېڭىشى خىزمىتىنىڭ تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ھەققىي زىممىسىگە ئېلىپ، ئەڭ چوڭ مەركەزداش چەمبەرنى سىزىپ چىقىپ، تېخىمۇ كۈچلۈك جەڭگىۋارلىقنى مۇجەسسەملەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ماس قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاتاكىغا ئۆتۈش بۇرغىسى چېلىندى. بىز ھەممە بىر نىيەتتە غەيرەت قىلىپ ئىشلەپ، قانچە خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي كېڭىشىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەڭ كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ھەققىي تۈردە خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، شىنجاڭنى ئەمىن قىلىشنىڭ ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرساقلا، چوقۇم جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈپ چىقالايمىز.

يىغىننىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشمىز!